# شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە

(2019 - يىلى 7 - ئاي)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

### مۇندەرىجە

كىرىش سۆز
1. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى
2. شىنجاڭ ئەزەلدىن «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس
3. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى
4. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق مەزگىل كۆچۈش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن
5. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى
6. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون
7. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس
ئاخىرقى سۆز
قوشۇمچە: جۇڭگو تارىخىدىكى سۇلالىلەر يىلنامىسىنىڭ قىسقىچە جەدۋىلى

## كىرىش سۆز

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ، داڭلىق «يىپەك يولى» بۇ جايدا قەدىمكى جۇڭگو بىلەن دۇنيانى باغلاپ، ئۇنى كۆپ خىل مەدەنىيەت جەملەنگەن جايغا ئايلاندۇرغان.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىنىڭ قان قېرىنداش ئەزالىرى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن - ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلگەن. ھالبۇكى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۈچ خىل كۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ) جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش، پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تارىخنى قەستەن بۇرمىلاپ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالماشقان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، شىنجاڭنى بىمەنىلىك بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، شىنجاڭ «مۇستەقىللىقى»نى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى.

تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭ جۇڭگو مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭ ئەزەلدىن قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس؛ ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىل كۆچۈش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى؛ شىنجاڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى قوينىدا يېتىلىپ تەرەققىي قىلغان؛ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە يۇغۇرۇلغان ئىسلام دىنى جۇڭخۇانىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان ھەم ساغلام راۋاجلانغان.

## 1. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى

جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك. تارىختا جۇڭخۇا مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دېھقانچىلىق رايونىمۇ، كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونىمۇ بولغان. ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىدىكى قوۋملارنىڭ ئالماشتۇرۇشى، ئۆزئارا تولۇقلىشى، كۆچۈشى، قوشۇلۇشى، توقۇنۇشى، يۇغۇرۇلۇشى جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ دەسلەپكى شيا، شاڭ، جوۋ خاندانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا گۈللىنىپ، ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك ئۇرۇق، قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن تەدرىجىي يۇغۇرۇلۇپ شەكىللەنگەن قوۋملار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ شيالار ياكى خۇاشيا دەپ ئاتالدى. چۈنچيۇ دەۋرىدىن جەنگو دەۋرىگىچە خۇاشيا قوۋمى خاندانلىق ئەتراپىدىكى ئۇرۇق، قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە، تەدرىجىي ھالدا چى، چۇ، يەن، خەن، جاۋ، ۋېي، چىن قاتارلىق يەتتە رايوننى شەكىللەندۈردى ھەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەرقتە يى (夷)، جەنۇبتا مەن (蛮)، غەربتە رۇڭ (戎)، شىمالدا دى (狄) قاتارلىق ئەتراپتىكى قوۋملار بىلەن ئالاقە باغلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلى چىن شىخۇاڭ تۇنجى بىرلىككە كەلگەن فېئودال خاندانلىقنى قۇردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 202 - يىلى خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ بىرلىككە كەلگەن فېئودال خاندانلىقنى يەنە بىر قېتىم قۇردى.

خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە شىنجاڭدىكى تيانشاننىڭ جەنۇب - شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ غەربىي يۇرت (西域) دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى جۇڭگو تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا رەسمىي ئايلاندى. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن خاندانلىقلار بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلاشتى، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەزىدە سۇس، بەزىدە قويۇق بولۇپ كەلدى، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئىدارە قىلىشى بەزىدە چىڭ، بەزىدە بوش بولدى، لېكىن سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنى ئۆز زېمىنى دەپ قاراپ، بۇ رايوننى باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىنى ئورتاق ئاچتى، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى ئورتاق بەرپا قىلدى. جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەت بۈيۈك بىرلىكى ئەندىزىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى ئورتاق كۈرەش قىلىپ ياراتقان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھون (匈奴)لار غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىۋالغان ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھونلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى جاڭ چيەننى ئىككى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، رۇۋجى (月氏)لار، ۋۇسۇن (乌孙)لار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارغا تاقابىل تۇردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 127 - يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارغا قاتتىق زەربە بەردى ھەم ئىچكىرىدىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەللەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماقنى تەسىس قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى ھەم ئۇ جايلارنى يەرلىك ئەمەلدار قويۇپ باشقۇردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى شەرقىي تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھونلارنىڭ باتىسقانى (日逐王) خەن سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىپ، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇ يىلى غەربىي يۇرتنى باشقۇرىدىغان ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپارات — غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. مىلادىيە 123 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى غەربىي يۇرت جاڭشى (长史) مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى داۋاملىق يۈرگۈزدى.

ئۈچ بەگلىك دەۋرىدىكى ۋېي ھاكىمىيىتى خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتتا ۋۇجى چېرىكچىبېگى (戊己校尉) تەسىس قىلدى. غەربىي جىن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت جاڭشىسى ۋە ۋۇجى چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىپ، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. ئۈچ بەگلىك، ئىككى جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە، شىمالدىكى ھون، سيانپېي (鲜卑)، دىڭلىڭ (丁零)، ۋۇخۇەن (乌桓) قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىگە كۆچتى ھەمدە ئاخىرقى ھېسابتا خەنزۇلار بىلەن سىڭىشىپ كەتتى. 327 - يىلى ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى تۇنجى قېتىم ئايماق - ناھىيە تۈزۈمىنى غەربىي يۇرتقا كېڭەيتىپ، قوچۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلدى (تۇرپان ئويمانلىقىدا). 460 - يىلدىن 640 - يىلغىچە، تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا خەنلەر ئاساسلىق ئاھالە بولغان قوچۇ بەگلىكى (高昌国) قۇرۇلۇپ، كەن، جاڭ، ما، چۇ فامىلىلىك جەمەتلەر ئۆتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئايماق - ناھىيە تۈزۈمى شىنجاڭ رايونى دائىرىسىدە كېڭەيتىلدى. تۈرك (突厥)، تۇيۇخۇن (吐谷浑)، تاڭغۇت (党项)، جيالياڭيى (嘉良夷)، فۇگو (附国) قاتارلىق ئەتراپتىكى مىللەتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۈي سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەركىزىي ھاكىمىيەت غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرتۇتاش باشقۇردى. ئۇدۇن بەگلىكى ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتى ئۇرۇقىغا تەۋە دەپ قاراپ، تاڭ سۇلالىسى خانىنىڭ لى دېگەن فامىلىسىنى قوللاندى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘 خۇيخۇ)لىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتى (سۇڭ سۇلالىسى)نى تاغام دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ غەربىي ئايماقتىكى جىيەنى دەپ ئاتىدى. قاراخانىيلار خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇپ كەلدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بېشبالىق باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسى، ئايغاقچى مەھكىمىسى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1251 - يىلى غەربىي يۇرتتا دىۋان ۋازارەتتى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەركىزىي ھاكىمىيەت غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات — قومۇل ياساۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى ھەم جيايۇگۈەن بىلەن قومۇل ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەندىڭ، ئادۇەن، چۈشيەن، خەندۇڭ، چىكىن موڭغۇل، شاجۇدىن ئىبارەت ئالتە ياساۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قوللىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگراسىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ رايونىغا تېخىمۇ سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1762 - يىلى ئىلى جياڭجۈنىنى تەسىس قىلىپ، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار بىرلەشكەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. 1884 - يىلى شىنجاڭ رايونىنى ئۆلكە قىلىپ قۇردى ھەم «ئەسلىي زېمىننى يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىش» دېگەن مەنىدە «西域»نى «新疆»غا ئۆزگەرتتى. 1912 - يىلى شىنجاڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسىگە ئايلاندى.

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭگو زېمىنى ئايرىلىپ تۇرغان مەزگىللەرمۇ، بىرلىككە كەلگەن مەزگىللەرمۇ بولدى، بىرلىككە كېلىش بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇش ئالمىشىپ دەۋرىيلىنىپ تۇردى، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىپ راۋاجلىنىشى باشتىن - ئاخىر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە ئىلگىرى بەگلىكلەر ياكى ئايرىما ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، شىنجاڭ رايونىدىمۇ يەرلىك ھاكىمىيەت ئايرىلىپ تۇرۇش ئەھۋالى كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش مەزگىلىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق، ۋەزىيىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا قايتىدىن بىرلىككە كېلىشكە يۈزلەندى، تارىختا غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «ئەل»لەر، جۈملىدىن شەھەر بەگلىكلىرى، كۆچمەن ئەل، سۇيۇرغاللىق، پادىشاھلىق، خانلىق، خاندانلىق، بېقىندى ئەل، ئولپانچى ئەل قاتارلىقلار، مەيلى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك بولسۇن، ياكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى، قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘) خانلىقى قاتارلىقلار، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاغاتاي خانلىقى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەكەن خانلىقى بولسۇن، ھەممىسى جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت شەكلى بولۇپ، ھېچقايسىسى مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس. يەرلىك ئايرىما ھاكىمىيەت بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىسىدە جۇڭگو بىر گەۋدە ئېڭى قويۇق بولۇپ، ئۇلار ياكى ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنىڭ تارمىقى، ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىگە تەۋە دەپ قارىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەينى چاغدىكى جۇڭگونى يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن دەپ ئۈچكە بۆلگەن، يۇقىرى چىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنى، ئوتتۇرا چىن لياۋ سۇلالىسىنى، تۆۋەن چىن قەشقەر رايونىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ ئۈچى بىرلىشىپ مۇكەممەل بولغان چىننى كۆرسەتكەن. «چاڭچۈن جېنرېننىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (《长春真人西游记》)دە خەنلەر تاۋغاچ دەپ ئاتالغان، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆزلۈكلەردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘)لار تات تاۋغاچ دەپ ئاتالغان، جۇڭگو قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘)لىرى دەپ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنغان يەرلىرىمۇ بار. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەڭگە پۇللىرىدا تاۋغاچ بۇغراخان، چىن خانى ھەمدە چىن ۋە شەرقنىڭ خانى دېگەندەك ناملار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. شىنجاڭ ئەزەلدىن «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس

تۈركلەر 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتاي تېغى رايونىدا باش كۆتۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، 552 - يىلى جورجان (柔然) خانلىقىنى يوقىتىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. 583 - يىلى تۈرك خانلىقى ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچكە بۆلۈنگەن. 630 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان. 657 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥 خۇيخې)لار بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان، مەركىزىي ھاكىمىيەت غەربىي يۇرتنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرگەن. 682 - يىلى شىمالغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، بىر مەھەل كېيىنكى تۈرك خانلىقى ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. 744 - يىلى تاڭ سۇلالىسى موبېي قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لىرى، قارلۇق (葛逻禄)لار بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لارنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگە (骨力裴罗)نىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن سۆيۈنگىل قاغان (怀仁可汗) دەپ ئۇنۋان نامى بېرىلىپ، موبېيدا قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥) خانلىقى قۇرۇلغان. دۆلىتىمىزدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغان تۈركلەرمۇ خانلىقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا - ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پارچىلانغان ھەم غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈش داۋامىدا شۇ جايدىكى قوۋملارغا سىڭىشىپ، بىرقانچە يېڭى مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ يېڭى مىللەتلەر قەدىمكى تۈرك مىللىتىدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەن.

جۇڭگو تارىخىدا شىنجاڭ ئەزەلدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالغان ئەمەس، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. 18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە غەربنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنى ئايرىشقا ئەگىشىپ، بەزى دۆلەت ئالىملىرى ۋە يازغۇچىلىرى كۆپلەپ قوللانغان «تۈركىستان» تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە پامىر ئېگىزلىكىنى پاسىل قىلغان ھالدا بۇ جۇغراپىيەلىك رايوننى «غەربىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئايرىشقا ئادەتلەنگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە «پانتۈركىزم» «پانئىسلامىزم» ئىدىيە ئېقىمى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇ جۇغراپىيەلىك نامنى سىياسىيلاشتۇرۇپ، مەنىسىنى كېڭەيتىپ، تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلىشىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» سەپسەتىسى چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش، جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشتىكى سىياسىي قورالى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئايلانغان.

## 3. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەت ئەتراپتىكى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرغان، يۇغۇرۇلغان تارىخىي جەريان. ئالدىنقى چىن مەزگىلىدىكى خۇاشيا قوۋملىرى ئەتراپتىكى قوۋملار بىلەن ئۇزاق مەزگىل كۆپ مەنبەلىك يۇغۇرۇلۇپ، بولۇپمۇ چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى 500 يىلدىن ئارتۇق چوڭ داۋالغۇشتا قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، چىن، خەن دەۋرىگە كەلگەندە، ئەتراپتىكى قوۋملار بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نوپۇسى كۆپ بولغان خەنزۇ مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى ھەم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگونىڭ تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەتكە ئايلاندى. ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە، مىللەتلەر، بولۇپمۇ شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ كۆلەمدە كۆچتى، شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەملىك يۇغۇرۇلۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 13 - ئەسىردە يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، سىياسىي جەھەتتە مىسلىسىز كۆلەمدە بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتى مىللەتلەرنىڭ مىسلىسىز كۆلەمدە كۆچۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى چېگراسى ئىچىدە مىللەتلەر كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى داۋامىدا، چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ئاخىرى شەكىللەندى. كۆپ مىللەتلىك بولۇش دۆلىتىمىزنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى، بىپايان زېمىنىنى ئورتاق ئاچتى، جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخىنى، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى.

شىنجاڭ رايونى ئەزەلدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا قاشتاش سودىسى بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جاڭ چيەن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ غەربىي يۇرتقا بېرىپ، يىپەك يولىنى ئاچقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، سودا كارۋانلىرى ئۆتۈشۈپ تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، «يىپەك - ئات سودا بازىرى» داۋاملىق گۈللەنگەن، «تەڭرى قاغان يولى» ئىچكىرىگە بىۋاستە تۇتىشىپ، يول بويلىرىدا ئۆتەڭلەر يۇلتۇزلاردەك تارىلىپ، غەربىي يۇرت خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىشىدىكى بەلباغقا ئايلانغان. ئۇدۇن نەغمىسى، قوچۇ نەغمىسى، خۇلارنىڭ قىيغۇن ئۇسسۇلى قاتارلىق غەربىي يۇرتنىڭ نەغمە - ئۇسسۇللىرى ئوردىغىچە كىرىپ، چاڭئەن شەھىرىدە غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى ئەۋج ئالغان. بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ كۇچادىكى كۇسەن نەغمىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭقى چىقىپ، سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىدىن تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىلىرىدە ئوردا زىياپەت نەغمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتى ھايات - ماماتلىق خەتەرلىك پەيتكە دۇچ كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىشقا بىردەك ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك سەھىپىلىرىنى بىرلىكتە پۈتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى يېڭى مەزگىلگە كىردى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭ رايونىنى ئەڭ دەسلەپتە ئاچقانلار بولسا ئالدىنقى چىندىن تارتىپ چىن - خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان ساكلار (塞人)، رۇۋجىلار (月氏人)، ۋۇسۇنلار (乌孙人)، چياڭلار (羌人)، كۇسەنلىكلەر (龟兹人)، ئاگنىلار (焉耆人)، ئۇدۇنلۇقلار (于阗人)، سۇلىلىقلار (疏勒人)، ساكارىئۇللۇقلار (莎车人)، كروراىنلىقلار (楼兰人)، چېشى (车师人)لار، ھەمدە ھونلار، خەنلەر قاتارلىقلار. ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سيانپېي (鲜卑)، جورجان (柔然)، قاڭقىل (高车)، ئېفتالىت (嚈哒)، تۇيۇخۇن، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۈرك (突厥)، تۆبۆت (吐蕃)، قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)، سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قىتان (契丹)، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى موڭغۇل (蒙古)، جۇرجېت (女真)، تاڭغۇت (党项)، قازاق (哈萨克)، قىرغىز (柯尔克孜)، مانجۇ (满)، شىبە (锡伯)، داغۇر (达斡尔)، خۇيزۇ (回)، ئۆزبېك (乌孜别克)، تاتار (塔塔尔) قاتارلىق خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىكى نۇرغۇن ئاھالە ھەربىر تارىخىي مەزگىلدە شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغان،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)